# ئائىلىدە كىتاپ ئوقۇغاندا بالىلاردىن سورايدىغان سوئاللار
## (يەسلى(تەييارلىق سىنىپ) مۇئەللىمدىن تەۋسىيە)

كىتاپ ئوقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن سورايدىغان سوئاللار:

1. كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى ۋە ئىسمىگە قارىغا قوزام، سىزچە كىتاپتا نىمىلەر سۆزلىنىدىغاندۇ، پەزەر قىلىپ باقامسىز؟
2. نىمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟
3. سىزچە كىتاپتا قانداق پىرسۇناژلار(خارەكتىرلەر) باردۇ؟
4. سىزچە بۇ كىتاپتا بىرەر مەسىلە بارمىدۇ؟ بولسا نىمە ئۈچۈن، بولمىسا نىمە ئۈچۈن؟
5. كىتاپ تىمىسى ياكى بۇ كىتاپتىكى ھىكايىنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىز بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى باردەك تۇرامدۇ؟ بولسا قانداق؟ (بۇيەردە دىمەكچى بولغىنى بۇ ھىكايىدىكى ئىشلار ياكى نەرسە كىرەكلەر بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بارمۇ، يۈز بىرەمدۇ دىگەندەك)
6. بۇ كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى سىزگە كىتاپ ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى دەپ بەردىمۇ؟
7. بۇ كىتاپقا قىزىقتىڭىزمۇ؟
8. بۇ كىتاپ ئارقىلىق نىملەرنى ئۆگەنگىڭىز بار؟

كىتاپ ئوقۇۋاتقاندا سورايدىغان سوئاللار:

1. سىزچە كىينكى بەتتە نىمە ئىشلار سۆزلىنىدىغاندۇ؟
2. سىزچە بۇ كىتاپتىكى مەسىلە نىمىدۇ؟
3. سىزچە كىتاپتىكى ئوبراز ياكى پىرسۇناژ نىمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ؟
4. سىز بۇ پارچىنى ئوقۇۋاتقاندا، نىملەرنى ئويلىدىڭىز؟
5. بۇ ھىكايە ھەققىدە ماڭا نىملەرنى سۆزلەپ بەرگۈڭىز بار؟
6. سىزچە بۇ ھىكايە قانداق ئاياغلىشار؟ پەزەر قىلىپ باقامسىز؟
7. ئوبرازنىڭ نىمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com

8. سىز شۇ ئوبرازنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟
9. سىز شۇ ئوبرازنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، قانداق ھېس قىلاتتىڭىز؟ ھېسلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟
10. كىتاپنى ئوقۇۋاتقاندا، نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟
11. ھېكايىنى ئۆزىڭىزنىڭ تىلىدا سۆزلەپ باقامسىز؟ (ئېغىزچە قايتا سۆزلىتىپ بېقىش)

كىتاپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سورايدىغان سوئاللار:

1. كىتاپنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالدىڭىزمۇ؟( يەنى كىتاپنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟)
2. سىزچە، بۇ كىتاپنىڭ ئىسمى ياخشى(توغرا) قويۇلۇپتۇمۇ؟ قويۇلغان بولسا نېمە ئۈچۈن، قويۇلمىغان بولسا نېمە ئۈچۈن؟
3. كىتاپنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى پەرىزىڭىز توغرىمىكەن؟
4. سىزچە ئاپتور بۇ كىتاپنى نېمە ئۈچۈن يازغاندۇ؟
5. سىزچە ئاپتور بۇ كىتاپ ئارقىلىق بىزگە(بالىلارغا) نېمە دېمەكچىدۇ؟
6. كىتاپتىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ مەسىلەن، نېمىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟
7. ھېكايىنىڭ قايسى قىسمىنى ئەڭ ياخشى كۆردىڭىز؟
8. ئەگەر ھېكايىنىڭ بىر يېرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىڭىز بولسا، قايسى قىسمىنى ئۆزگەرتكەن بولاتتىڭىز؟
9. ماڭا كىتاپتىكى ھېكايىنى قايتىدىن سۆزلەپ بېرەمسىز؟ ياكى ئوقۇپ بېرەمسىز؟
10. ھېكايىدىكى بىر (ئوبراز ياكى شەخس) سىز بولغان بولسىڭىز قانداق ھېس قىلاتتىڭىز؟ قايسى شەخس ياكى ئوبراز بولغىڭىز بار؟
11. ھېكايىدىكى قايسى شەخسنى ياكى ئوبرازنى ياخشى كۆردىڭىز؟ سىزگە ئوخشايدىغان يېرى قايسىكەن؟ بولسا قايسى تەرىپى سىزگە ئوخشايدىكەن؟
12. كىتاپنى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟ ياخشى كۆرگەن بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن، ياخشى كۆرمىگەن بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن؟